# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 3 يىلدىن بۇيانقى بۈيۈك ئۇتۇقلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

15
D619
5

# جۇڭخوا خەلىق جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئۈچ ژىلدىن
# بۇيانقى بۈيۈك ئۇتۇقلىرى

ميللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن — 1954

# مۇندەرىجە

1ـ جوڭخوا خەلىق جۇمهۇرىيىتىنىڭ 3 ژىلدىن بۇيانقى ئۇتۇق-
لمىرى . .................................. بو يىبو 1

2ـ 3ژىلدىن بۇيانقى يەر ئىسلاهاتىنىڭ هەرىكىتىنىڭ بۇيۇك مۇۋەپپەي-
قىيەتلىرى ................................. ليا ۋلۇيەن . 18

3ـ 3 ژىلدىن بۇيان ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارنى بېسىقتۇرۇش
خىزمىتىدىن ئالغان بۇيۇك ئۇتۇقلىرىمىز............ لورۇيچىڭ . 32

4ـ خەلىق دېموكراتىيە هاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىچكى ئىشلار
خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىرى............. شەجوەزەى . 46

5ـ 3 ژىلدىن بۇيانقى مىللى ئىشلار خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپىقىيەت-
لمىرى ................................ ليۇگەپىڭ . 66

6ـ 3 ژىلدىن بۇيانقى خەلىق ئەدلىيە خىزمىتىنىڭ ئۇتۇق-
لمىرى ................................. سى لياڭ . 81

7ـ 3 ژىلدىن بۇيانقى خەلىق تەپتىش خىزمىتى...... تەن پىڭسەن . 91

8ـ جوڭخوا خەلىق جۇمهۇرىيىتىنىڭ 3 ژىلدىن بۇيانقى كادىرلار
خىزمىتى.............................. ئەن زىۋىن . 99

9ـ مەملىكىتىمىزدە 3 ژىلدىن بۇيان سانائەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە تەرەققى
ئەتتۇرۇلۇشى ........................... لى فۇچۇڭ . 118

10ـ 3 ژىلدىن بۇيان يېڭى جوڭگو دېخانچىلىق ئىشلىرىدا قولغا

كەلتۈرۈلگەن بۈيۈك ئۇتۇقلار.............. لى شۇچيڭ . 134

11 ـ دۆلىتىمىزنىڭ 3 ژىلدىن بۇيانقى سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى

بۈيۈك ئۇتۇقلىرى...................... فۇزوبى . 144

12 ـ 3 ژىلدىن بۇيان خەلىق تۆمۈريولى ساھىسىدا قازانغان ئۇتۇق ـ

لار........................ تىڭ دەيۈەن . 161

13 ـ 3 ژىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ

رەتكەسلىنىشى ۋە تەرەققى ئەتتۈرۈلۈشى........... ياۋىيلىڭ . 172

14 ـ جۇڭخۇا خەلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 3 ژىلدىن بۇيانقى تاشقى

سودىسى.......................... يەجىجۇاڭ . 192

15 ـ يېڭى جۇڭگودا 3 ژىلدىن بۇيانقى كوئوپىراتىۋ قۇرۇش ھەرىكى ـ

تىنىڭ ئۇتۇقلىرى................ چىڭ زىخۇا . 202

16 ـ 3 ژىلدىن بويانقى مەدىنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى... شىڭ يەنبىڭ . 219

17 ـ جۇڭگو خەلىق مۇئارىپىنىڭ 3 ژىلدىن بۇيانقى مۇۋەپپىقىيەت ـ

لىسرى........................ ماشۇلۇڭ . 231

18 ـ جۇڭگودا 3 ژىلدىن بۇيانقى پەن خىزمىتى... لى سىگۇاڭ . 243

19 ـ نەشرىيات خىزمىتى خەلىق ئاممىسى ئۇچۇن خىزمەت قىلد ـ

ماقتا........................ خۇيۇيزى . 255

20 ـ جۇڭگودا 3 ژىلدىن بۇيانقى خەلىق سەھىيە ئىش ـ

لىرى......................... لى دەچۈەن . 264

21 ـ كەڭ دائىرىلىك ئىقتىسادى قۇرۇلۇشلار ئالدىدىكى جۇڭگو

ئىشچىلار سىنىپى............... لەي روبۇي . 273

22 ـ جۇڭگو ياشلىرى ۋەتەننى قۇرۇش ۋە تەرەققى قوغداش ئۈچۈن

چىلىشماقتا .................. خوياۋباڭ . 284

23 ـ يىگى جۇڭگو ئايالىرى ئالغا! يەنە ئالغا!...... دېڭ يىنچاۋ. 292

24 ـ يىگى جۇڭگو ئانىلار ۋە بالىلار غەمخورلۇقتا ئىگە بول ـ

دى .................. كاڭ كەچىڭ. 305

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# جۇڭخۇا خەلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈچ ژىلدىن بۇيانقى ئۇتۇقلىرى

جۇڭخۇا خەلىق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
3 ـ ژىللىغا بېغىشلاندى

(«دائىمى تىنچلىق ۋە خەلىق دېموكراتىيەسى ئۈچۈن» گېزىتىگە ئاتاپ يېزىلغان)

بو يىبو

(جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى)

جۇڭخۇا خەلىق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دانا داھىيسى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يېتەكچىلىگىدە، بارلىق خەلقىمىز ئۆزىنىڭ 3 ژىللىق تىرىشچانلىغى بىلەن پىلانلىق رەۋىشتە زور كولەملىك ئىقتىسادى ۋە مەدەنى قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زەرۇر شارائىتلارنى يارىتىپ، بىزنى دولەتنى سانائەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن چىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەمدە دولىتىمىزنىڭ سانائەتلىشىش ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا قاراپ پۇختا قەدەملەر بىلەن ئىلگىرلىشىگە كاپالەت ئورناتتى.

3 ژىلدىن بۇيان بىز پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى قەتئى كۈ-

ۋەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە بىرلىكىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچى بىلەن نۇرغۇنلىغان بۈيۈك دېموكراتىك ئىسلاھات خىزمەتلىرىنى ئورۇنداپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلەردىكى كورۇنۇشلىرىنى ئاساسى بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئىشچىلار سىنىپى يېتەكچىلىك قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملىدۇق.

جۇڭگودا يەر ئىسلاھاتى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئاساسەن تاماملاندى. 1952 - يىلى ئاۋغۇستقىچە يەرسىز ۋە يېرى ئاز 300مىليون دىخان ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئەسلىدە پومېشىكلارنىڭ قولىدا بولغان 47مىليون گېكتار يەرنى تەقسىم قىلىپ ئالدى. يېزىلاردا پومېشىكلار سىنىپى، فېئوداللىق يەر ئىگىلىك تۈزۈمى يوقۇتۇلۇپ، نەتىجىدە خەلق دېموكراتىيە تۈزۈمى پۈتۈن مەملىكەت خەلق نوپۇسىنىڭ ناھايىتى كوپچۇلۇگىنى تەشكىل قىلغان دىخانلارنىڭ ھىمايىسى ۋە مۇھەببىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو سانائىتىنىڭ تەرەققى ئەتتۇرۇلۇشىگە كەڭ يول ئېچىلدى.

3يىل ئىچىدە 2مىليوندىن ئارتۇق باندىتنى يوقاتتۇق. ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلارنى ۋە ئىشپىيونلارنى قاماققا، رېژىم ئاستىغا ئالدۇق. ھازىر باندىتلار جۇڭگودا پۈتۈنلەي تۈگۈدى. جەمئىيەت تەرتىۋىمۇ مىسلى كورۇلمىگەن ھالدا خاتىرجەملەشتى.

1951 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن، 1952 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەر ئىچىدە خىيانەتكە، ئىسراپچىلىققا ۋە بيۇروكراتىزمغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ باردۇق. خۇسۇسى سودا-سا-

نائەتچىلەر ئىچىدە، پارا بېرىشكە، باج ئۇغۇرلاشقا ۋە باج تولىمەس-
لىككە، دۆلەت بايلىغىنى ئوغرىلاشقا، ئىش ۋە ماتېرىيال ئوغرىلاشقا،
دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ئاخباراتلىرىنى ئوغرىلاشقا قارشى ھەرىكەتنى
ژۈرگۈزدۈق. بۇ ھەرىكەتلەر جەريانىدا دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ 4،5% تى
ئوخشاشمىغان دەرىجىدە خىيانەت قىلغانلىغى، ئىسراپ قىلغانلىغى ۋە بيۇ-
روكراتلىق قىلغانلىغى ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جازالاندى.
گۇناھى ناھايىتى ئېغىر بولغانلار قانۇن بويىچە جاۋاپكارلىققا تارتىلدى.
شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى ئالاھىدە پاكلىنىپ، خەلق ھۆكۈمىتى
بىلەن ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. ئىدا-
رە ئىچىدە ئىنتىزام ۋە خىزمەت ئۈنۈمى ئالاھىدە ئۆسۈپ، دۆلەت راس-
خودى نۇرغۇن ئىقتىسات قىلىندى. بۇ ھەرىكەت ئارقىسىدا بېيجىن، شاڭ-
خەي، تيەنجىن، خەنكۇ، گۇاڭجۇ ۋە شېنياڭ قاتارلىق 9 چوڭ شە-
ھەردە 450 مىڭدىن ئارتۇق خۇسۇسى سودا-سانائەتچىلەر تەكشۈرۈل-
دى. بۇلارنىڭ 76%دە تۈرلۈك دەرىجىدە قانۇنغا مۇخالىپ ھەرىكەتلەر-
نىڭ سادىر بولغانلىغى مەلۇم بولدى. ئۇلارغا قانۇنغا رىئايە قىلىش تەئ-
لىم-تەربىيەسى بېرىلدى. ھەممە مۇۋاپىق چارە كۆرۈلدى. گۇناھى نا-
ھايىتى ئېغىر بولغانلار قانۇن بويىچە جاۋاپكارلىققا تارتىلدى. شۇنىڭ
بىلەن جۇڭگو بۇرژۇئازىيەسىنىڭ قانۇنغا مۇخالىپ ھەرىكەتلىرى ئالاھىدە
ئازايتىلدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئىشچىلار سىنىپى يېتەكچىلىكى ئاستىغا
ۋە ئومۇمى پروگرامما يولىغا كىرگۈزۈلدى. «3كە قارشى»، «5كە قارشى»
ھەرىكەتلەر ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۆلەتتىكى يېتەكچىلىك مەۋقەيىنى ئا-
لاھىدە كۈچەيتتى.

3 ژىلدىن بۇيان دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش خىزمىتىمىزنى غەلىبە بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىنىڭ دۆلىتىمىزگە تەجاۋۇز قىلىش سۇيى قەستىنى كۈچلۈك ھالدا توسۇدۇق. چاۋشەن ئۇرۇشى تۇغۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىشتىكى ئۇلۇق ھەرىكەتنى ئېلىپ باردى. مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئىشچىلار، دېخانلار ۋە زىيالىلار پىدائىي بولۇپ ئارمىيەسىگە كىرىپ چاۋشەنگە ياردەم بېرىشكە يېزىلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمۇ دېخانچىلىق ۋە قول سانائەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىش يولى بىلەن ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن بۇ ھەرىكەتكە قىزغىن قاتناشتى. خەلقىمىزنىڭ ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشەنگە ياردەم بېرىشكە ئاتاپ ئىئانە قىلغان ئايروپىلانلىرى 3،700 گە يەتتى. ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى مۇناسىۋىتى بىلەن پەيدا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك دولقۇنى دۆلىتىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلەردىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈدىغان قۇۋۋەتكە ئايلاندى.

ژۇقۇرىدىكى ھەرىكەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ، زىيالىلارنىڭ مەپكۇرىسىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردۇق. بۇ ھەرىكەتنىڭ مەقسىدى: زىيالىلار مەپكۇرىسىدىكى پومىشچىكلار، سىنىپى، بۇرژۇئازىيە ۋە ئىمپېرىيالىزم تەسىرلىرىنى تازىلاپ، زىيالىلارنى ماركسىزم، لېنىنىزم نۇقتىسى نەزەرلىرىنى ئاڭلىق رەۋىشتە قوبۇل قىلالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇھەرىكەت ئارقىسىدا زىيالىلار ئاممىسى كومپارتىيەگە تېخىمۇ يېقىنلاشتى. دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلالايدىغان بولدى.

3ۋيلدين بۇيان مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى مىللەتلەرنى ئىتتىپاقدا كەلـ-
تۈرۈش خىزمىتىدىمۇ ناھايىتى چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغاكەلتۈردۇك. جوڭ-
گودا تەخمىنەن 60 تۇرلۇك ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ، بۇلارنىڭ نوپۇ-
سى تەخمىنەن 40 مىليئون؛ ھازىر تۇرلۇك كولەمدە بولۇپ 130 جايدا
مىللى مۇختارىيەتلىك رايئون قۇرۇلدى ۋە قۇرۇلماقتا. مىللەتلەرداريلـ-
پۇنۇنلىرى ۋە كادرلار كۇرسلىرىدىن 70مىڭدىن ئارتۇق مىللى كادر
تەربىيلىنىپ چىقتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە بىر مۇنچە خىزمەت-
لەر ئىشلەنگەنلىكتىن، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادى ۋەمەدى-
نى تۇرمۇشى ئالاھىدە زۇقۇرى كوتۇرۇلدى. شۇ مۇناسىۋەتلەر بىلەن
جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئارىسىدا مىسلى كورۇلمىگەن ئىتتىپاق ۋۇجۇتقا چىقتى.

جۇڭگو ئەمگەكچىلىرى مەملىكەت بويىچە تەخىمۇ تەشكىللىنىپ كەت-
تى. ھازىر جۇڭگودا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 7 مىليئون 300مىڭ ئەئـ-
زاسى بار؛ جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيەچىل ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 6مىليئون
300مىڭ ئەئزاسى بار؛ جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى بىرلەشمىسىنىڭ 2 مىليئون
170 مىڭ ئەئزاسى بار؛ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ھەريكىتىگە قاتناشقان
ئاياللار 76 مىليئونغا يېتىدۇ؛ تەئمىنات ۋە سېتىش كوئوپىراتىۋلىرىنىڭ106
مىليئون ئەئزاسى بار؛ جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ 26مىليـ-
ئون 500مىڭ ئەئزاسى بار. مانا بۇلار بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ناھايىتى
كەڭ ۋە كۈچلۈك ئىجتىمائى تۈۋرۈكلىرى شەكىللەندى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنىڭ ئۆسكەنلىكى ۋە مەپكۈرە-مەق-
سەتلىرىنىڭ بىرلەشكەنلىكىمۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى ساقلاش
ھەريكىتىگە قىزغىن قاتناشقانلىقىدا روشەن ئىپادىلەنمەكتە. 5 زور دو-

لەتتىنىڭ تىنچلىق ئەھدى تۈزۈشىنى ھىمايە قىلىپ ئىمزا قويغان ۋە ياپو-
نىيەنىڭ قۇراللاندۇرۇلۇشىغا قارشى ئاۋاز بەرگەن ئادەملەر 340مىليون-
غا يېتىپ باردى.

* * *

3 ژىلدىن بۇيان دولىتىمىز ئىقتىسادى فرونتىمۇ ناھايىتى زور ئۇتۇق-
لارنى قازاندى.

1949 - ژىلى جۇڭگو خەلىق ئازاتلىق ئۇرۇشى پۈتۈن مەملىكەت بو-
يىچە غەلىبە قازانغان بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان خەلىق
ئىگىلىگى، ياپونىيە ئىمپرىيالىزمى ۋەيران قىلىپ تاشلىغاندىن كىيىن،
گومىنداڭ زومىگەر ھاكىمىيىتى يەپ - ژۇتۇپ كەتكەن، ئامىرىكا ئىمپە-
رىيالىستلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭلىرىغا ئۇچراپ خانەۋەيران بولۇپ كەتكەن
بىر ئىگىلىك ئىدى. يىڭى ئازات بولغان رايونلاردا يىزا - ئىگىلىك
ۋەيران بولغان، نۇرغۇن زاۋود - فابرىكا ۋە كانلار ئىشتىن توختىغان،
سپىكۇلانتلىق بەك كۈچەيگەن، بازارلار قالايمىقانلاشقان، خەلىق
تۇرمۇشىمۇ ئاجايىپ نامراتلاشقان ئىدى. بىز، ئامىرىكا ئىمپرىيالىزمىنىڭ
لالىمىسى - گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلىغاندىن كىيىن، بۇنداق ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئىقتىسادى ئەھۋال
سەۋىۋى بىلەن پەيدا بولغان قىيىنچىلىقلارنى يوقۇتۇشقا ناھايىتى
نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىز ئىشچىلار سىنىپىغا
ۋە خەلىق ئاممىسىغا يۆلىنىپ، دىخانچىلىق ۋە سانائەتنى تەدرىجى
تىكلەپ ئالدۇق. 1950 - ژىلى مارتتىن باشلاپ نۇرغۇن ئۈنۈملۈك
تەدبىرلەر بىلەن مالىيە كىرىم - چىقىمىنى باراۋەرلەشكەن ئەھۋالغا

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

يەقىن يەتكۇزۇپ، پۇلنى پاخاللىشىشتىن توختاتتۇق. مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇردۇق. يېرىم ژىل ئىچىدە بازار ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا باشلىدۇق. ئەمما، ئاساسى مۇستەھكەملەنمىگەن ۋە ئاساسى بىلەن ياخشىلانمىغان ئىدى.

يولداش ماۋزېدۇڭ 1950 ـ ژىلى ئىيۇندا 7 ـ قېتىملىق مەركىزى كو- مىتېتنىڭ 3 ـ پلېنومىدا: مالىيە ـ ئىقتىساتنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن تەخمىنەن 3 ژىلدەك ۋاقىت كېرەك ـ دېگەن ئىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ- نىڭ يولىۋرۇغى بويىچە، مەملىكەتتىكى خەلقنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 3 ژىلغا قالماستىن جۇڭگونىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادى ئەھۋالى تۈپتىن ياخ- شىلاندى. جۇڭگونىڭ سانائىتى ۋە دېھقانچىلىقى ھازىر پۈتۈنلەي تىك- لەندى ھەمدە ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ ژۇقۇرى نورمىدىن ئارتىپكەت- تى. دولەتنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىمى پۈتۈنلەي باراۋەرلەشتى. مال باھاسى پۈتۈنلەي مۇقىملاشتى.

جۇڭگو دېھقانچىلىقىنىڭ تىكلەنگەن ۋە تەرەققى قىلغانلىقىنى تۆۋەن- دىكى رەقەملەر بىلەن كورسەتكىلى بولۇدۇ: ئەگەر تۇرلۇك دېھقانچى- لىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىركى ئەڭ ژۇقۇرى بولغان ژىللىق مىقدارنى 100 قىلىپ ئالساق، 1952 ـ ژىلى ئاشلىقنى 109 غا، پاختىنى 155 كە، كەندىرنى 559 غا، تاماكۇنى 294 كە، شىكەر ماتېرىئاللىرىنى 113 كە يەتكۇزۇشكە كوز يەتمەكتە.

3 ژىلدىن بۇيان پارتىيە بىلەن خەلق ھوكۇمىتى يەر ئىسلاھاتى ئا- ساسىدا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققى قىلدۇرۇشىغا تۇرلۇك ئۇ- سۇللار بىلەن پائال يېتەكچىلىك قىلدى، ۋە ياردەم قىلدى. ھەمدەدې-

خانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىنى ئاساس قىلغان پرىنسىپ ئاستىدا ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى تەشكىللىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1952 - ژىلى ھەرخىل ئەمگەك ھەمكارلىق گرۇپپىلىرىغا قاتناشقان دىخانلار پۇتۇن مەملىكەتتىكى دىخانلارنىڭ 40% تىدىن ئارتتى. كونا ئازات رايئونلاردا بولسا، 70-80% كە يېتىپ باردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەمكارلىق گرۇپپىلىرىدىنمۇ ئىلغار بولغان 4 مىڭدىن ئارتۇق دىخانچىلىق كوئوپېراتىۋى ۋە ئون نەچچە ئۇلگۇلۇك كولخوز قۇرۇلدى. دىخانچىلىق ئىشلىرىدىكى ھەمكارلىشىش ۋە كوئوپېراتسىيەلىشىش ئىشلىرى پۇتۇن مەملىكەت بويىچە زور بىر دولقۇنغا ئايلاندى. بۇ، جۇڭگودا دىخانچىلىقنىڭ مۇھىم تەرەققىيات نىشانىسىدۇر.

بىز بۇ 3 ژىلدىن بويان نۇرغۇنلىغان زور سۇ قۇرۇلمىلىرىنى ئىشلىدۇق. سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ئورۇنداشتا 1 مىليئارت 700 مىليئون كۇبامېتر توپا قازدۇق. يەنى 10 پاناما قانىلى ياكى 23 سۇۋەيش قانىلى قازغاندەك توپا قازدۇق. 1952 - ژىلى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۇقۇرۇلۇشلىرىغا سالغان سەرمايىسى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ كۆپ سەرمايە سالغان ژىلدىكى سەرمايىسىدىن 52 ھەسسە ئارتىپ كەتتى. سۇ قۇرۇلۇشلىرى ئىشلەنگەنلىكى ۋە تەبىئى ئاپەتلەرگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلغانلىغى نەتىجىسىدە، جۇڭگودا ئاپەتكە ئۇچرايدىغان ئېتىزلىقلار ناھايىتى ئازايدى. 1949 - ژىلى 8 مىليئون گېكتار يەر ئاپەتكە ئۇچرىغان ئىدى. بۇ رەقەم 1950 - ژىلى 4 مىليئون 600 مىڭ گېكتارغا، 1951 - ژىلى 1 مىليئون 400 مىڭ گېكتارغا چۈشۈپ قالدى. 1952 - ژىلى تېخىمۇ ئازايدى.

دىخانچىلىقنىڭ چاپسان تىكلىنىشى، ئەنە شۇ خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسىدىن بولدى.

جۇڭگونىڭ سانائىتىمۇ چاپسان تىكلەندى ۋە تەرەققى قىلدى. بۇنى تۆۋەندىكى رەقەملەر بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر تۇرلۇك سانائەت ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىركى بىر ژىللىق ئەڭ ژۇقۇرى مىقتارىنى 100 قىلىپ ئالساق، 1952 ـ ژىلى چويۇننىڭ 104 كە، پولاتنىڭ 155 كە، كومۇرنىڭ 90 گە، ئىلىكتىرىك كۈچىنىڭ 115 كە، نەفتنىڭ 116 گە، سىمونتنىڭ 148 گە، ياغاچنىڭ 136 گە يىتىپ بارىدىغانلىغىغا كوز يەتمەكتە. بۇنىڭدىن كومۇردىن باشقا نۇرغۇن توپ سانائەتلەردە جوڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ژۇقۇرى نورمىدىن ئارتىپ كەتكەنلىگىمىز كورۇۋاتۇپ تۇرماقتا. باشقا نۇرغۇن ئىستىمال ۋاسىتىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى بولغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ 1952 ـ ژىلدىكى مەھسۇلاتىمۇ، تارىختىكى ئەڭ ژۇقۇرى نورمىغا يىتىپ بارىدىغانلىغى ۋە ئۇ نورمىدىن ئارتىپ كىتىدىغانلىغى مولچەرلەنمەكتە. يەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھىساپلىغاندا، پاختا ژىپى 144 كە، پاختىلىق رەخ 161 گە، ئۇن 106 غا، قەنت 100 گە، قەغەز 234 كە، تاماكۇ 145 كە، سەرەڭگە 111 گە يىتىپ بارىدۇ.

سانائەت تەرەققىياتىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بىلەن ئىستىمال ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ نىسبىتى 3 ژىلدىن بۇيان ئۆزگەردى. 1949 ـ ژىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى پۈتۈن سانائەت مەھسۇلاتىدا 33,5% نى، ماسارىپ ۋاسىتىلىرى 67,5% نى تەشكىل قىلاتتى. 1952 ـ ژىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى 43,8 گە يىتىپ باردى، ماسارىپ ۋاسىتىلىرى بولسا، 56,2 گە چۈشۈپ قالدى.

3 ژىلدىن بۇيان دولەتلىك زاۋود ـ فابرىكا ۋە كانلاردا تولۇق دىموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، دولەتلىك كارخانى ـ

لارنيڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە مۇۋاپىقلاشقان
يېڭى ئىدارە تۈزۈملىرىنى ئورناتتۇق.

دۆلەتلىك كارخانىلاردىكى دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى
ئاساسىدا، ئىشچىلار ئاممىسى ئىچىدە، تەدرىجى رەۋىشتە، ئەمگەك
مۇسابىقىسى، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ قويۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئارتـ
تۇرۇپ ئىقتىسات قىلىش ھەرىكەتلىرى قانات يايدى. ئىقتىسادى ھىساب
ۋات تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۈگۈ-
نۈش ئىشى بىزنىڭ كارخانىلىرىمىزدا چوڭ دولقۇنغا ئايلاندى.

بۇ خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە دۆلەتلىك كارخانىلاردا ئىشلەپچى-
قىرىش چاپسان تىكلەندى، ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمى ناھايىتى كۆپ ئۆستى.

ژۇقۇرىدا سانائەت توغرىسىدا بايان قىلىنغان رەقەملەرگە خۇسۇسى
كارخانىلارمۇ كىرىدۇ. ئازاتلىقتىن كىيىن، خۇسۇسى كاپىتالىستىك كار-
خانىلاردا ئەمگەك بىلەن كاپىتال مۇناسىۋىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگۈ-
رۈش پەيدا بولدى. بۇ كارخانىلاردىكى ئىدارە تۈزۈملىرىمۇ ئىسلاھ-
قىلىندى، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى.

جۇڭگودا ھازىرقى باسقۇچتا خۇسۇسى كاپىتالىزم ئىگىلىگىنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى. شۇنداق بولسىمۇ دۆلەتلىك
كارخانىلارنىڭ پۈتۈن سانائەتتىكى سالمىقى داۋاملىق ئۆسمەكتە. 1949-
ژىللىدىكى پۈتۈن سانائەتتە خۇسۇسى سانائەت مەھسۇلاتى 56،2% نى،
دۆلەتلىك سانائەت مەھسۇلاتى 43،8% نى ئىگىلەيتتى. 1952-ژىلى دۆ-
لەتنىڭكى 67،3% نى، خۇسۇسىلارنىڭكى 32،7% نى ئىگىلىدى. بۇ ئەھۋال
خۇسۇسى كارخانىلارنىڭ مۇتلەق مىقداردا تەرەققى قىلمىغانلىغىنى كۆر-

سەنمەيدۇ. ھازىر جۇڭگودا زامانلاشقان سانائەتنىڭ خەلق ئىگىلىگى-
دىكى سالمىغى ناھايىتى كىچىك بولغاشقا، خۇسۇسى كارخانىلارنىڭ
مەئلۇم دەرىجىدە تەرەققى قىلىشى زۆرۈر. ئەمما دۆلەتلىك كارخانىلار
تېخىمۇ تەرەققى ئەتتۈرۈلۈدۇ. ئۇنىڭ سالمىغى چاپسان ئۆستۈرۈلۈپ،
مۇستەھكەم ھالدا يېتەكچىلىك ئورۇنغا چىقىرىلىدۇ.

ترانسپورت تەرەپتىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلدۇق. تۆ-
مۈر يولنى ئالساق، 3 يىلدىن بۇيان پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 10 مىڭ
كىلومېتردىن ئارتۇق تۆمۈر يول تۈزۈتۈلدى. 1267 كىلومېتر تۆمۈر يول
يېڭىدىن سېلىندى. ھازىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، پويىز قاتنايدى-
غان 23 مىڭ 785 كىلومېتر تۆمۈر يول بار. تاش يولنى ئالساق، 3 يىلدىن
بۇيان پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 32 مىڭ 438 كىلومېتر يول تۈزۈتۈلدى.
11 مىڭ كىلومېتر يول يېڭىدىن سېلىندى. ھازىر ئاپتوموبىل قاتنايدىغان
يول 107 مىڭ 438 كىلومېتر كېلىدۇ. ئەگەر 1952-يىلدىكى پىلانلىق ترانس-
پورت مىقدارىنى ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى ئەڭ كۆپ بولغان يىللىق ترانس-
پورت مىقدارى بىلەن سېلىشتۇرساق، تۆمۈر يول 161% گە، تاش يول
112% گە يېتىپ بارىدۇ.

ئىچكى سودا تەرەپتە: پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شەھەر بىلەن يېزا
ئوتتۇرىسىدا مال ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويغانلىقىمىز ئۈچۈن،
ئۆتمۈشتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھۆكۈم-
رانلىقى، ئۇرۇش كۆپەيگەنلىكى ۋە پۇلنىڭ پاخاللاشقانلىقى سەۋەبى
بىلەن مەيدانغا چىققان شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى مال ئالماش-
تۇرۇشنىڭ توختاپ قېلىش ھادىسىلىرى تامامەن ئۆزگەردى. 1951-يىلى

ئىچكى سودىنىڭ ئومۇمى سوممىسى 1950- ژيلدىكى مىقتارنىڭ 130% تىگە يەتىپ باردى. 1952- ژىلى 1950- ژىلدىكى مىقتارنىڭ 170% تىگە يەتىپ بارغۇسى. تاشقى سودا تەرەپتە، سوۋىت ئىتتىپاقى ۋە خەلق دەموك- راتىيە دولەتلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق. شۇڭا تاشقى سودىمىزمۇ ژيلدىن- ژيلغا ئوسمەكتە.

ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلارنىڭ سودا تەرەپتىكى سالمىغىدىمۇ سانا- ئەتتىكىگە ئوخشاش ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. 3 ژيلدىن بۇيان دولەت- لىك تىجارەت بىلەن كوئوپىراتىۋ تىجارىتى ناھايىتى كوپ تەرەققى قىلا- دى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلارنىڭ سودا تەرەپتىكى سالمىغى ئوزگەردى. 1950- ژىلى ھۆكۈمەت سودىسى 44،4%، خۇسۇسى سودا 55،6% بولغان بولسا، 1952- ژىلى ھۆكۈمەت سودىسى 62،9% خۇسۇسى سودا 37،1% بولدى.

دولەتنىڭ مالىيە خىزمىتى تەرەپتە مەملىكەت بويىچە يەرلىك مالىيەنى مەركەزنىڭ بىرلەشكەن ئىدارىسىغا ئوتكەزدۇق. شۇنىڭ بىلەن دولەتنىڭ مالىيەسىنى ئالاھىدە ياخشىلاپ، ئىقتىسادى ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا ماس- لاشتۇرالىدۇق.

3 ژيلدىن بۇيان دولىتىمىزنىڭ ئومۇمى كىرىمى بىلەن ئومۇمى چىقىمى ژيلدىن- ژيلغا ئوستى. دولەتنىڭ 1951- ژيلدىكى ھەقىقى كىرىمى بىلەن چىقىمىنى 1952- ژيلغا سىلىشتۇرساق، 1952- ژيلدىكى كىرىم 41،66% كو- پەيدى. چىقىم 55،52% كوپەيدى. دولىتىمىزنىڭ ئومۇمى كىرىمىدە دو- لەتلىك كارخانىلارنىڭ پايدىسى بىلەن ئامورتىزاتسىيە كىرىمىنىڭ سالمىغى ژيلدىن- ژيلغا ئوستى. سودا- سانائەتنىڭ تەرەققى قىلغانلىغى

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com